## 272795 ـ بىشىنىڭ بىر تەرىپىنىڭ چىچىنى قىسقارتىش چاچنىڭ بىر تەرىپىنى ئېلىپ يەنە بىر تەرىپىنى قويۇپ قويغاننىڭ قاتارىغا كىرەمدۇ؟

### سۇئال

مەن قەزەئ (چاچنىڭ بىر تەرىپىنى ئېلىپ يەنە بىر تەرىپىنى قويۇپ قويۇش) توغرىسىدا كۆرگەن جاۋاپلىرىمنىڭ ھەممىسىدە ئۇنى بىشىنىڭ بەزى يېرىنى چۈشۈرۈپ بەزى يېرىنى قويۇپ قويۇش دەپ ئىپادىلىگەن، باشنىڭ چىچىنىڭ بەزىسىنى قىسقارتىپ بەزىسىنى قويۇپ قويۇشمۇ مۇشۇنىڭ قاتارىغا كىرەمدۇ؟ ياكى كىرمەمدۇ؟ مەسىلەن: چىچىنىڭ بىر تەرىپىنى قىسقارتىپ بىر سانتا قويۇپ، ئالدى تەرىپىنى 7، 8 سانتا قويۇپ قويسا بۇمۇ قەزۇنىڭ قاتارىغا كىرەمدۇ، بۇ چاچنى پۈتۈن ئالدۇرۇش ئەمەس بەلكى قىسقارتىش بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شۇنداق، قۇزەئ دېگەن بىشىنىڭ چىچىنىڭ بەزىسىنى ئالدۇرۇپ بەزىسىنى قويۇپ قويۇشتۇر. ئەمما بىشىنىڭ چىچىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى قىسقارتىپ ئوتتۇرنى قويۇپ قويۇش قۇزەنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ، لېكىن بىر تەرەپنى بەك قىسقارتىۋېتىشتىن چەكلىنىدۇ، چۈنكى ئۇمۇ قۇزەگە ئوخشاپ قالىدۇ.

چۈنكى چاچنى ھازىر ئېيتقان بۇ شەكىلدە قىسقارتىش بولسا كاپىر، پاسىقلارنىڭ بەلگىسىدۇر، بۇ ئېنىق، چوڭ سۈپەت كىشىلەرنىڭ قىلىقى ئەمەس، مۇسۇلماننىڭ ئۇنداق چاكىنا كىشىلەرگە ئوخشاپ قىلىشى توغرا بولمايدۇ.

بىز پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇراھمان بەرراكتىن (ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن) سوئالدا كەلگەن مەسىلىنى سورىساق، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "گەرچە بۇ قۇزەئنىڭ ئۆزى بولمىسىمۇ لېكىن قۇزەئگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بەزى شەكىللىرى كاپىرلارغا ئوخشاپ قىلىش بولۇپ، بۇنداق ناچار ئادەت مۇسۇلمانلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرگەن". بۇنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن 110209-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.